# Società Libera

## ئېزىلگەن مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق خەلقلەر ئۈچۈن

## 4-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق ئەركىنلىك يۈرۈشى

## بېرلىن، پارىژ، رىم

### 2011-يىلى 10-ئاينىڭ 22-كۈنى، شەنبە، سائەت 15:00

Società Libera (ئەركىن مەدەنىيەت جەمئىيىتى) ھەر بىر ئىنساننىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە خەلقلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەركىنلىك پرىنسىپىنى قوغداش ئۈچۈن يىللاردىن بىرى ھەر خىل پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ كېلىۋاتقان مۇستەقىل ۋە تەرەپسىز ئاممىۋى تەشكىلات.

Società Libera ئۆتكەن ئۈچ يىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەبىئىي ھەق ھوقۇقلىرىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى تەستىق قىلىدىغان لىبېرالىزم پىكرىگە ماس ھالدا ئۇدا ئۈچ نۆۋەتلىك "خەلقئارالىق ئەركىنلىك يۈرۈشى" ھەرىكىتىنى تەشكىللەپ كەلدى. تىنچ شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇ نامايىش بىرمالىقلار، ئىرانلىقلار، تىبەتلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن جامائەت پىكرى توپلاشنى؛ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق ئىنسانلارغا ئۆز دەۋاسىنى كەڭرى جامائەتچىلىككە ئاڭلىتىش ئىمكانىنى ھازىرلاپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

دۇنيا مىقياسىدىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋەزىيىتىنىڭ يامانلىشىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت رېئاللىق نەزەردە ئېلىنغىنىدا، ھەر بىر خەلقنىڭ دەۋاسى ئۈچۈن يەككە-يەككە نامايىش قىلىپ ئۇلارغا ھەم نەپەس بولۇش ئەسلا يېتەرلىك ئەمەس.

ياۋروپا شەھەرلىرىنىڭ مەركىزى مەيدانلىرىنى بۇ ئەھۋالنى چۈشەنگەن ئىنسانلار بىلەن تولدۇرۇپ، غەرب دۇنياسىنى، جۈملىدىن ياۋروپا ۋە دۆلەت ھالقىغان چوڭ ئورگانلارغا ئاشۇ يۈز مىڭلىغان-يالغۇز خرىستىئان خەلقلەرلا ئەمەس-بەلكى باشقا مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق خەلقلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتى ھەققىدە جىددىي ئويلىنىشقا ۋە ئۇلارنىڭ ھەق ھوقۇقلىرىنى قوغداش ھەققىدە ئەمەلىي تەدبىر ئېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان پەيتلەر يېتىپ كەلدى.

بۈگۈن، ياۋروپادا "ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ۋە ئازسانلىق خەلقلەر ئۈچۈن ياۋروپا ئەركىنلىك كۈنى" نى تەسىس قىلىدىغان ۋە ئىشقا ئاشۇرىدىغان مۇھىم پۇرسەت.

يۇقىرىقى مەقسەتلەرنى نىشان قىلغان Società Libera ياۋروپالىقلارنى ۋە بۇ قېتىئەدە ياشاۋاتقان ئېزىلگۈچى مىللەتلەر ۋە ئازسانلىق خەلقلەر جامائەتلىرىنى، شۇنداقلا ھەر قايسى خەۋەر ۋاستىلىرىنى، بېرلىن، پارىژ ۋە رىمدىن باشلاپ، ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداشنىڭ خەلقئارالىق مۇھىم كۈنتەرتىپ ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە قوزغىلىپ ھەرىكەت قىلىشقا چاقىرىق قىلىدۇ.

---

**00186 – ROMA – Piazza della Pigna, 6 – Tel/Fax 06/89538799**
**20146 – MILANO – Via Sardegna, 27 – Tel/Fax 02/48028327**
**Internet: www.societalibera.org – E-mail: info@societalibera.org**